# 10052 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ قاچان روزا تۇتۇشى توغرىسىدا

## سۇئال

ئايلىق ئادىتىم يەتتە كۈن بىلەن سەككىز كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، بەزى ئايلاردا يەتتىنچى كۈنىدە ھەيزنىڭ ئالامىتىنى ۋە پاكىزلىقنىڭ ئالامىتىنىمۇ كۆرمەيمەن، بۇنداق ھالەتتە ناماز، روزا ۋە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز ئايالنىڭ ئارىسىدا تونۇشلۇق بولغان پاكلىقنىڭ ئالامىتى بولغان سۈزۈك ھالەتنى كۆرمىگىچە ناماز، روزا ۋە جىنسى مۇناسىۋەت ئىشلىرىغا ئالدىراپ كەتمەڭ، چۈنكى ھەيزنىڭ قېنىنىڭ توختىغانلىقى پاك بولغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ، پاكىز بولغانلىق دېگەن پاكلىقنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈش ۋە ئىددەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى بىلەن بىلىنىدۇ.